# كۆكتوقاي: كىچىك بازاردا ھېكايە كۆپ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۈدىك چېيىنىڭ تەمى گەرچە قىرتاق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن ئېغىزدا سۈس تاتلىق تەم پەيدا بولىدۇ، بۇ خىل تاتلىق تەمنى پەقەت بۇ چاينى ئىچكەن ئادەملا بىلىدۇ. تەن شېڭلى ناھايىتى تېزلا ئاغزىدا بىر خىل تاتلىق تەمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى.

تەن شېڭلى كۆكتوقايدىكى داڭلىق 3 ـ نومۇرلۇق كاننىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى بولۇپ، ھەر كۈنى ساياھەتچىلەرگە كۆكتوقاينىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

1987 ـ يىلى تۇغۇلغان فۇ جىڭ ئېيىغا 6000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالىدىغان دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىدىن ۋاز كېچىپ، كۆكتوقاي كادىرلار شۆيۈەنىگە بېرىپ، ئېيىغا 3000 يۈەن كىرىم قىلىدىغان ئوقۇتقۇچى بولدى. فۇ جىڭنىڭ خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش، كادىرلار شۆيۈەنىدە كۇرسانتلارنى تەربىيەلىگەندىن باشقا، ئۇ يەنە بىر نەچچە خىزمەتدىشى بىلەن بىللە كۆكتوقايدىكى كونا ھېكايىلەرنى يىغىپ رەتلەيدۇ.

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى كەچ سائەت 11دىن ئاشقاندا، كۇرسانتلارنىڭ ھەممىسى ئارام ئېلىۋاتاتتى، فۇ جىڭ بىلەن بىرنەچچە ياش خىزمەتدىشى يەنە كادىرلار شۆيۈەنىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ئەن گۈيخۇەي ئەسلىمىسىنىڭ قول يازمىسىنى رەتلەۋاتاتتى.

«سىز ئەمدى كەلمىسىڭىز، سىزنى ئاپام دېمەيمەن!» زىيارەت داۋامىدا، فۇ جىڭنىڭ ئۈچ ياشلىق ئوغلى ئۈندىداردا ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەنىدى، شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى.

«سىز كۈندە مۇشۇنداق ئىشلىسىڭىز چارچامسىز؟» سورىدى مۇخبىر.

«چارچايمەن، ھەقىقەتەن چارچايمەن، بىراق، مەن بۇ ئىشلارنى قىلسام غەيرەتكە تولىمەن، كۆڭلۈم شۇنداق توق تۇرىدۇ!» فۇ جىڭنىڭ ئېيتىشىچە، «3 ـ ئەۋلاد كانچى» بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ قەلبىدە گويا بىر سادانىڭ داۋاملىق چاقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدىكەن، ئۇ كۆكتوقاينىڭ ئۇزاق يىللىق ئاشۇ كۈرەش تارىخىغا مەستخۇش بولۇپ، كۆكتوقاينىڭ شۇنچە نۇرغۇن تىللاردا داستان بولغىدەك ھېكايىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققاندا، قەلبىنىڭ پاكلانغانلىقىنى ھېس قىلىدىكەن.

فۇ جىڭنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن دوستلىرى ئۇنى «كالۋا»، شۇنداق ياخشى خىزمەتتىن ۋاز كېچىپ، كۈندە كۆكتوقاينىڭ كونا ھېكايىلىرىنى يىغىدۇ، رەتلەيدۇ، سۆزلەيدۇ، دېيىشتى. «مەن كۆكتوقايدىكى سېپى ئۆزىدىن كالۋا بولۇپ، بۇ يەردىكى ھېكايىلەرنى ئاز ـ ئازدىن قېزىپ چىقىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە سۆزلەپ بېرىشنى ئويلايمەن!»

«ھازىر بېشىمنى ئەڭ قاتۇرىدىغىنى، مېنى ئەڭ تىت ـ تىت قىلىدىغىنى، كۆكتوقايدىن ئىبارەت بۇ كىچىك بازارنىڭ ھېكايىسى بەك كۆپ، بەك كۆپ ئىكەن. ‹1 ـ ئەۋلاد كانچى›لاردىن ياشانغانلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى يوق، بىز يېتىشەلمەيۋاتىمىز، زېھنىمىز چەكلىك، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمىگەن تەقدىردىمۇ، پەقەتلا قىلىپ بولالمايۋاتىمىز. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇ مەنىۋى بايلىقلىرىغا تېخىمۇ كۆپ كىشى ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك» دېدى فۇ جىڭ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ: بىر دۆلەت، بىر مىللەتتە روھ بولمىسا بولمايدۇ، دېگەنىدى. باقتىبېك، فۇ جىڭ ۋە تەن شېڭلىلار بۇ چەت، ياقا كۆكتوقاي كىچىك بازىرىدا زور ئىجتىھات بىلەن روھ قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇل خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە.

# ئاپتونوم رايونىمىز ھېلە ئىشلىتىپ سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش قىلمىشلىرىغا داۋاملىق زەربە بەردى

## بۇلتۇر 67 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بەلگىلىمىگە خىلاپ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مەبلىغى قايتۇرۇۋېلىندى

مۇخبىرىمىز لى چۈنشيانىڭ يېقىندا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى خىزمىتى يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ھېلە ئىشلىتىپ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، تەشكىللىك ھالدا سۇغۇرتا پۇلىنى قەستەن ئالداپ ئېلىۋېلىش قىلمىشلىرىغا «قەتئىي يول قويمايدىكەن».

ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش كاپالىتى ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شېڭ يەنجياڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ھېلە ئىشلىتىپ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش قىلمىشلىرىنى پاش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش چارىسىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈۋاتقان بولۇپ، پاش قىلىنغان يىپ ئۇچلىرىنى نازارەت قىلىپ بېجىرىش ۋە قايتما ئىنكاس مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، ھەربىر ئىشنىڭ تەكشۈرۈلۈپ ئەمەلىيلىشىشىگە، ھەربىر ئىشنىڭ جاۋابى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدىكەن؛ كېلىشىم بويىچە باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، بېكىتىلگەن پارچە سېتىش دورىخانىلىرىنىڭ دورىدىن باشقا تاۋارلارنى تىزىپ قويۇش، داۋالىنىش كارتىسى سۈركەپ ئىستېمال قىلىش قىلمىشلىرىغا قارىتا، كېلىشىمدە ئېنىق چەكلەش خاراكتېرلىك بەلگىلىمە چىقىرىلىدىغان بولۇپ، قانۇن ـ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتىن كېلىشىمنامىسى بىكار قىلىنغان تېببىي ـ دورىگەرلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۈچ يىل ئىچىدە بېكىتىلگەن داۋالىنىش سۇغۇرتىسى نۇقتىسى بولۇشى قايتا ئىلتىماس قىلىشىغا بولمايدىكەن؛ ئۇچۇرلارنى ئاشكارىلاش تۈزۈمى مۇنتىزىملاشتۇرۇلۇپ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىكى «قارا تىزىملىك» قەرەللىك ئېلان قىلىنىپ، ئالداپ ئېلىۋېلىشقا تەشكىللىگەن ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقانلارغا بەلگىلىمە بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا رېتسېپ يېزىش ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ۋاقتىدا راسچوت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىق جازالار بېرىلىدىكەن.

2018 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە ھېلە ئىشلىتىپ سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش قىلمىشلىرىغا زەربە بېرىش مەخسۇس ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، نۇقتىلىق ھالدا دىققەتنى داۋالاش ئاپپاراتلىرى، پارچە سېتىش دورىخانىلىرى، سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بېكىتىلگەن داۋالاش تېببىي ـ دورىگەرلىك ئاپپاراتىدىن جەمئىي 4565نى تەكشۈرۈپ، 144نىڭ مۇلازىمەت كېلىشىمىنى ۋاقتىنچە توختاتتى، 35نىڭ مۇلازىمەت كېلىشىمىنى بىكار قىلدى، ئىككىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئەدلىيەگە ئۆتكۈزۈپ بەردى، 67 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بەلگىلىمىگە خىلاپ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى مەبلىغىنى قايتۇرۇۋالدى، 15 كىشىنى داۋالىنىش سۇغۇرتىسى «قارا تىزىملىك»كە كىرگۈزۈپ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۈچلۈك قوغدىدى.

# شىنجاڭ «ئىنچىكە ھېسابات» قىلىپ يېشىل ئېنېرگىيەدىن ياخشى پايدىلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شامال ئېنېرگىيەسى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ چىقىرىلغان توكنى ئېلېكتر تورىغا تولۇق تۇتاشتۇرۇش مۇمكىن بولماسلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان شامال ئېنېرگىيەسى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى جەھەتتە ۋاز كېچىلگەن توك مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %34.8 ۋە %44.5 ئازايغان بولۇپ، ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يەنىمۇ ئۆسكەن. بىرىنچى پەسىلدە، شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى شامال ئېنېرگىيەسىدىن ۋاز كېچىش نىسبىتى %15.1 بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.6 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىگەن؛ يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن ۋاز كېچىش نىسبىتى %13.2 بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.8 پىرسەنت پوئىنت تۆۋەنلىگەن.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىكى ئالاقىدار زاتنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، شامال ئېنېرگىيەسىدىن ۋاز كېچىش، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن ۋاز كېچىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشى ئۈچ جەھەتتىكى سەۋەبتىن بولغان: بىرىنچى، شىنجاڭ ئىچىدە يېڭى ئېنېرگىيە ئىستېمالىنىڭ يېڭى بوشلۇقى قېزىلدى، بۇ يېڭى ئېنېرگىيە بىلەن كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىپ ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ توك ئىشلىتىش يۇقىرى پەللىسىنى تەڭشەش سەپلىمە سودىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، قوشۇمچە مۇلازىمەت بازىرىنى قوزغىتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئىككىنچى، نەق مال سودىسى، غەربىي شىمال شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش توك مىقدارى ئامبىرى، ئۆلكىلەر ئارا ئۆزئارا ياردەم بېرىش رايونىدا ئۆزئارا كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق تېخنىكا ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش كېڭەيتىلدى؛ ئۈچىنچى، يېڭى ئېنېرگىيە ئىستېمالى ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىلىپ، يېڭى ئېنېرگىيەنى رايون ھالقىپ توك تارقىتىش ھوقۇقىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، شامال ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ پاكىز پار بىلەن تەمىنلەش، توك ئارقىلىق ئىسسىنىش قاتارلىق سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئالغا سىلجىتىلدى.

دۆلىتىمىزنىڭ شامال، يورۇقلۇق ئېنېرگىيە زاپىسى مول بولغان شىنجاڭدا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭى ئېنېرگىيەنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ھازىرغىچە، شىنجاڭنىڭ شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 19 مىليون 251 مىڭ كىلوۋات، فوتو ۋولت توك تارقىتىش گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 9 مىليون 616 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ توك چىقىرىش ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن، يېڭى ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى ۋە ئىگىلەش نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان.

شىنجاڭ ياخشى جاي



باي ناھىيەسىدە بايقالغان «تاشتۈز چوڭ ئازگىلى» (5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى تارتىلغان). □مۇخبىرىمىز **ليۇ جىڭ** فوتوسى

# شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم تۈز كارست يەر شەكلى بايقالدى

مۇخبىرىمىز **ليۇ جىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېئولوگلار باي ناھىيە بازىرىنىڭ 23 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى تاغلىق رايوندا، تاشتۈز چوڭ ئازگىلى ۋە تۈز كارست ئۆڭكۈرى ھالىتىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان تۈز كارست يەر شەكلىنى بايقىدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم بايقالغان تۈز كارست يەر شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

«مېنىڭ گېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىمغا 30 يىل بولدى، مۇشۇنداق تىپىك تۈز كارست يەر شەكلىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم، بۇ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئاز ئۇچرايدۇ» دېدى شىنجاڭ گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلار ئىدارىسى 8 ـ گېئولوگىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ باش ئىنژېنېرى فەن تىڭبىن.

تاشتۈز چوڭ ئازگىلىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 60 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 50 مېتىر. ئۇچلۇق، چىلىك، مۇستەھكەم تۈز تاش ئورمىنى ئازگالغا خۇددى قىلىچتەك سانجىلغان، قىلىچ بىسى ئاسمانغا قاراپ تۇرغان بولۇپ، كۆرگەن كىشىنى قاتتىق ھەيران قالدۇرىدۇ.

«بۇ چوڭ ئازگال ئەڭ دەسلەپتە بەلكىم بىر كىچىك شارقىراتما ۋە ۋارونكىسمان ئۆڭكۈر بولۇپ، زور مىقداردىكى تۈز تەركىبى يەر ئۈستى سۈيى تەرىپىدىن ئېرىپ يالىنىپ، ئەڭ ئاخىردا يەر ئاستى سۈيى سىستېمىسى تەرىپىدىن ئېقىتىپ كېتىلگەچكە، شارقىراتما ۋە ۋارونكىسمان ئۆڭكۈر ئۈزلۈكسىز ئولتۇرۇشۇپ، ئەڭ ئاخىردا تاش ئورمان مەنزىرىسى شەكىللەنگەن بولۇشى مۇمكىن» دېدى فەن تىڭبىن.

چوڭ ئازگال بىلەن ئارىلىقى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان بىر تىك قىيادا يەنە بىر تۈز ستالاكتىتتىن شەكىللەنگەن تۈز كارست ئۆڭكۈرى بار. كارست ئۆڭكۈرىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، تۈز ستالاكتىت، تۈز گۈل، تۈز بامبۇك، تۈز قىراۋ، تۈز تۈۋرۈك، تۈز چوققا ئورمىنى قاتارلىق ھالەتلەر بار. مۆلچەرىي ھېسابلاشقا ئاساسلانغاندا، ئۆڭكۈردە تەخمىنەن 1000 تال تۈز ستالاكتىت بولۇپ، ئۇلار ئاق رەڭلىك كىرىستال شەكلىدە، ئەگرى ـ بۈگرى ھالدا ئۆڭكۈرنىڭ تورۇسىدىن تەتۈر ئېسىلغان ھالەتتە ساڭگىلاپ، مونار چوققىسىغا، دەرەخ ئاچىمىقىغا ئوخشاش ھەر خىل ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

«ئېلىمىزدە كۆپ ئۇچرايدىغان كارست يەر شەكلى ئادەتتە ھاك تاش يەر قاتلىمىدا كەڭ دائىرىدە يېتىلىدۇ، لېكىن تۈز كارست تاشتۈز يەر قاتلىمىدا يېتىلىدۇ.» فەن تىڭبىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «تاشتۈزنىڭ ئالاھىدە سۇدا ئېرىشچانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتى بەك ئۇزاق بولۇپ كەتمەيدۇ، ئاساسىي جەھەتتىن 100 يىلنى بىرلىك قىلغان بولىدۇ. مەيلى تەركىبى قۇرۇلمىسى ياكى شەكىللىنىش ۋاقتى بولسۇن، ھەممىسى جەنۇبىي رايونلاردىكى كارست يەر شەكلى بىلەن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ».

شەكىللىنىش سەۋەبى توغرىسىدا فەن تىڭبىن چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: تۈزلۈك سۇ ئۆڭكۈر دىۋارىدىن سىرغىپ چىققاندىن كېيىن، تۆۋەنگە تېمىش جەريانىدا قۇرغاق ئىسسىق ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ناترىي خلورىد ئۈزلۈكسىز كرىستاللىشىپ، تىنىپ، بىر قاتار كۇب كرىستال ھاسىل قىلىپ، تەدرىجىي توپلىنىپ، بىز كۆرگەن تۈز ستالاكتىتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، تارىم ئويمانلىقى يىراق قەدىمكى دەۋردە بىپايان دېڭىز بولۇپ، تەخمىنەن 70 مىليون يىل ئىلگىرىكى بور دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە دېڭىز سۈيى تەدرىجىي چېكىنىپ، نەچچە قېتىم دېڭىز سۈيىنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشى، چېكىنىشىنى تەكرار باشتىن كەچۈرۈپ ئەڭ ئاخىرىدا بىر قانچە تۈزلۈك كۆلگە ئۆزگەرگەن. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 25 ـ 20 مىليون يىل ئىلگىرى، پېژغىرىم ئىسسىق كىلىماتنىڭ تەسىرىدە تۈزلۈك كۆل كۈچلۈك پارلىنىپ، شىددەت بىلەن تارىيىپ، تۈزلۈك سۇنىڭ توپلىنىشى، قويۇقلىشىشى ۋە ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلاردىكى تاغ جىنىسلىرىنىڭ يېمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئېلېكترولىتلار ئۈزلۈكسىز كۆلگە قوشۇلۇپ، ئاخىرىدا لاتقا جىنىسلار ۋە كالتسىيلىق قۇم تاش ئارىلاشقان تاشتۈز يەر قاتلىمىنى شەكىللەندۈرگەن. باي ناھىيەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە جايلاشقان، دەل مۇشۇنداق گېئولوگىيەلىك شارائىتتىلا تۈز كارست يەر شەكلى مەنزىرىسى شەكىللەنگەن.